# ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش «كۈچلۈك، يادرولۇق» سۈپەتنى بارلىققا كەلتۈردى

(بېشى 1 - بەتتە)

مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان، زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ياڭاق كەسپى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. «قاراڭ، بىزنىڭ ياڭاقلىقىمىز نېمىدېگەن ئۆلچەملىك ۋە رەتلىك.» مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ياڭ لىبو مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر پۈتۈن يېزا بويىچە 100 مىڭ تۈپ ياڭاقنى بىرتۇتاش ئۆزگەرتتۇق، بۇ يىل پىلاندا 86 مىڭ تۈپ ياڭاقنى ئۆزگەرتىپ، ئۆستۈرۈشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياڭاقنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

ئەلا سۈپەتلىك ياڭاق سورتىنى ئۇلاپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ياڭاق زىچ تىكىلگەن باغنى ئۆزگەرتىش، مېۋىلىك دەرەخلەردىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كېڭەيتىش، ئورمان ۋە ئېتىز ئارىسىدا ئىستېرېئولۇق ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، باغ - ئورمانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئۆستۈرۈش كۆلىمىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بىلەن بىللە، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ يىللىق ياڭاق مەھسۇلات مىقدارى 2010 - يىلدىكى 50 مىڭ توننىدىن 2019 - يىلدىكى 128 مىڭ 600 تونناغا ئۆستى، سۈپىتىمۇ پۇختا قەدەمدە ئاشتى.

دۆلەت دەرىجىلىك ياڭاق ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى بولغان ئونسۇ ناھىيەسىدە، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۆستۈرۈشنىڭ بارلىق ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈلدى. بۇ ناھىيەنىڭ توخۇلا يېزىسى تۆۋەنكى سۇ بۇلاق كەنتىدىكى ياڭاقنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۈلگە كۆرسىتىش بېغىدا يىغىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان دېھقان روزى ئىسمايىل مۇنداق دېدى: «مول ھوسۇلنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ، ئىلگىرى ئورمان بويىچە باشقۇراتتۇق، كېيىن باغ بويىچە، ھازىر بولسا دەرەخ بويىچە، ھەتتا شاخ بويىچە باشقۇرىدىغان بولدۇق، ھەر بىر قاتلامنىڭ تەپسىلىي تەرتىپ باسقۇچى بار».

«بىزنىڭ قەغەز ياڭىقىمىزنىڭ تەركىبىدىكى ماينىڭ نىسبىتى 65%تىن يۇقىرى، ئاقسىل مىقدارى 19%تىن ئاشىدۇ، ياڭاق شاكىلىنىڭ قېلىنلىقى ئاران 0.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئون ۋاراق A4 قەغەزنى ئۇستىلەپ قويغاندىكى قېلىنلىققا باراۋەر كېلىدۇ. يېنىك مىجىسىڭىزلا، ياڭاق مېغىزى كۆرۈنىدۇ.» ئونسۇ ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ گۇيگو مۇنداق دېدى: «تەملىك بولۇش، يېيىش قولايلىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىزنى ئىستىراھەت يېمەكلىكلىرى رىقابىتىدە ناھايىتى زور ئەۋزەللىككە ئىگە قىلدى».

«ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش شىنجاڭنىڭ ياڭاق كەسپىنىڭ يادرولۇق ئەۋزەللىكىنى تۇرغۇزدى، باغۋەنلەرنىڭ مو بېشى پايدىسى 1500 يۈەن ئەتراپىدا بولدى، ياخشى بولغاندا 4000 - 5000 يۈەنگە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپلەر تەرەققىياتىنى مەھسۇلات مىقدارى تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى» دېدى لىن شىڭخۇي.

ئاقسۇ جىنشاۋ مېۋىچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ ياڭاق تاللاش، ياڭاق مېغىزىنى ئېلىش، ياڭاق مېيى چەككىلەش، ياڭاق سۈتىنى پىششىقلاش، قۇرۇق، ھۆل مېۋىلەرنى ئوراپ قاچىلاش قاتارلىق 15 ئىشلەپچىقىرىش ئاقما لىنىيەسىدە، ياڭاق قىممىتىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «ھەممىدە ياڭاقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلدۇق، سۈپىتى ئەلا، مىقدارى تولۇق بولغاندىلا، كارخانا ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدۇ» دېدى شىركەت ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى فاڭ جىنلۇڭ.

ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ تۈرتكىسىدە ياڭاق پوستىنى سويۇش، يۇيۇش، قاقلاپ قۇرۇتۇش، ئاپتاپقا سېلىش، تاللاپ ئايرىش، دەرىجىگە ئايرىش قاتارلىق دەسلەپكى پىششىقلاش باغۋەنلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم مەنبەگە ئايلاندى. قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ شاخاپ يېزىسىدىكى دېھقان مەتنۇر مامۇت مۇنداق دېدى: «ھوسۇل يىغىش پەسلىدە، مەن ھەر ئايدا ھەمراھ زاۋۇتتا ياڭاق سويۇپ كىرىم قىلىمەن. ياڭاقلىقىمدىنمۇ يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئالدىم، بۇ كىچىككىنە ياڭاق مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى». قاغىلىق ناھىيەسىدە، ياڭاق كىرىمى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 40%نى ئىگىلىدى.

# بەزى ئاغرىق مەسىللىرى نېمە ئۈچۈن 3 - قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە ئاندىن مۇسبەت چىقىدۇ

**مۇتەخەسسىسنىڭ چۈشەندۈرۈشى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا بەزى ئاغرىق مەسىللىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىي چىقىپ، 3 - قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئاندىن مۇسبەت چىققان ھەم ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلى دەپ بېكىتىلگەن. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن گوشىن بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەردى.

ۋېن گوشىن تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېدى: بىر تەرەپتىن، بۇ خىل ئەھۋال بۇ قېتىمقى ئۈرۈمچىدىكى يۇقۇمنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى تېز بولۇپ، تۇنجى 14 كۈن ئىچىدە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى بىرقەدەر تېز كۆپەيدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېنىك ئاغرىقلار ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار كۆپ، قىسمەن ئاغرىقلارنىڭ زەھەر تازىلىشى بىرقەدەر كېيىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە تېخىمۇ زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى ئادەتتە ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بولىدۇ، بۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا كېسەلنى قوزغىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئۈچ كۈندىن ئاز بولىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ يەتتە كۈندىن كۆپ بولىدۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن 14 كۈن يوشۇرۇن مەزگىلى ئىچىدە بولىدۇ، قايتا - قايتا تەكشۈرگەندە ئاندىن بايقىلىدۇ» دېدى ۋېن گوشىن.

يەنە بىر تەرەپتىن، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى كۆپ خىل ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت چىقسا، ئەۋرىشكە ئېلىنغان ئورۇندا ۋىرۇس نوكلېئىك كىسلاتاسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ، يۇقۇملانغان ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇدا ئىككى قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ مەنپىي چىقىشى ئاساسلىقى ئىككى سەۋەبتىن بولغان. بىرىنچى، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، ۋىرۇس ئاساسلىقى ئۆپكىدە بولۇپ، پەيدا قىلغان ياللۇغ ئۆپكە ھاۋا يولىنى توسۇۋالغانلىقتىن، ۋىرۇسنى چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، بۇرۇن - يۇتقۇنچاق قىسمىدىكى ۋىرۇس ناھايىتى ئاز بولۇپ، ۋىرۇستىن ئەۋرىشكە ئېلىش تەسكە توختايدۇ. ئىككىنچى، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە ئەۋرىشكە ئېلىش پەيتى مەسىلىسى بولۇپ، ئاغرىقنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ تېز - ئاستىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەۋرىشكە ئېلىش پەيتى ۋە ۋاقىت ئارىلىقىمۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ساختا مەنپىينى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ ئەۋرىشكە ئېلىش مەشغۇلات سەۋىيەسى، ئەۋرىشكە سىناق دورىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»گە ئاساسەن، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈشتە، تەجرىبىخانىنىڭ نەتىجىسىگىلا تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم تارقىلىشچان كېسەللىك تارىخى ۋە كلىنىكىلىق ئىپادىسى قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىۋېرسال ھۆكۈم قىلىش كېرەك. ئەگەر ئېنىق تارقىلىشچان كېسەللىك ئاشكارىلىنىش تارىخى بولسا، ھەم كلىنىكىلىق ئالامەتلەر بولسا، بىر قېتىملىق ياكى ئىككى قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مەنپىي چىقسا، يۇقۇملانمىغان دەپ ئاددىيلا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ، ساختا مەنپىي بولۇشى مۇمكىن، تەكرار ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى تارقالغان يۇقىرى خەتەرلىك رايونلارغا بارمىغان، يۇقۇملانغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى بولمىغان بولسا ھەمدە قىزىش، گال ئاغرىش قاتارلىق كلىنىكىلىق كېسەللىك ئالامەت ئىپادىلىرى كۆرۈلمىسە، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىي چىقسا، ساختا مەنپىي بولۇشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق.



**يەرلىك خولۇڭگو بازارغا سېلىندى**

**8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، دېھقانلار كەلپىن ناھىيەسىدىكى شىليۇزى سەھرا دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ جىن گېيى ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك باغچە رايونىدا يەرلىك خولۇڭگو ئۈزمەكتە. بۇ يىل، كەلپىن ناھىيەسى خولۇڭگو ئۆستۈرۈشنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى.** □ لى فېڭ فوتوسى

# ئالدىنقى يەتتە ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان قۇرۇلۇش تۈرى 5000دىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«بىر پارچە ئىش بېجىرىش كۆرسەتمىسى، بىر پارچە ئىلتىماس جەدۋىلى، بىر يۈرۈش ئىلتىماس قىلىش ماتېرىيالى، تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئايلىنىش» تەرتىپى بويىچە، كارخانىلار بىر قېتىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، كۆپ تۈرلۈك تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى تاماملىدى. ئىلتىماس قىلىش باسقۇچىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات تارماقلىرىغا چېتىلىدىغان ئىشلارنىمۇ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تور زالىغا چىقىپ، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى توردا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سۇپىسىغا كىرىپ، كۆپ قېتىم تورغا چىقىش، تەكرار تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قاتارلىق ئەھۋاللاردىن ساقلىنىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچىلارغا يىراق مۇساپىلىك ئىش بېجىرىش ھېسابات نومۇرى ئېچىپ بېرىپ، توردا ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېخنىكا كاپالىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى توردا «ئۇچراشماي» تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنىڭ «توختاپ قالماسلىقى»، مۇلازىمىتىنىڭ «ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى»غا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى يېنىكلەتتى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇددىتىنى يەنىمۇ قىسقارتىپ، قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازىتىنى توردا بېجىرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجازەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇشنى پائال يولغا قويۇپ، ئىلتىماس قىلىش ماتېرىياللىرىنى يوللاش مىقدارىنى ئازايتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

يېنىك تىپلىق ۋە ئادەتتىكى تىپلىق ئاغرىقلارنىڭ ئېغىر تىپلىققا ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر تىپلىق ۋە خەتەرلىك ئېغىر تىپلىق ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ - داۋالاپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش.» بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى لۇ چېن مۇنداق تونۇشتۇردى: بېكىتىلگەن دوختۇرخانا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئېغىر كېسەللەر مېدىتسىناسى بويىچە سەرخىل قوشۇننى توپلاپ بىرىكتۈرۈپ، ICU كېسەل رايونى تەشكىللەپ قۇرۇپ، 76 دوختۇر، 330 پەرۋىش خادىمى سەپلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابىمۇ بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا ECMO، CRRT نەپەسلىنىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم بولغان ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كۈچلۈك سەپلەپ بېرىپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى.

نۆۋەتتە، دۆلەت ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى دوختۇر، سېستىرالارنى گۇرۇپپىغا ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ICU كېسەل رايونىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋە مۇئاۋىن سېستىرا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملەشمەكتە. لۇ چېن مۇنداق تونۇشتۇردى: دۆلەت ئېغىر كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش كۈچى ھەمدە دۆلەت ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش ئەترىتىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، بىز ئېغىر تىپلىق، خەتەرلىك ئېغىر تىپلىق ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، بۇ بىر قىسىم ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرىمىز.

لۇ چېن مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئېغىر تىپلىق، خەتەرلىك ئېغىر تىپلىق ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مۇھىم نۇقتا قىلدى، دۆلەت ئېغىر كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ھەر كۈنى كېسەل رايونغا كىرىپ ياتاق تەكشۈرۈپ، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى تەڭشىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇتەخەسسىسلەر نۆۋەت بىلەن ئېغىر كېسەللىكلەر دوختۇر - سېستىرالىرىنى تەربىيەلەپ، ئېغىر تىپلىق، خەتەرلىك ئېغىر تىپلىق ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. يۇقىرى سەۋىيەلىك كوللېكتىپنىڭ ھەمكارلىشىپ ئورتاق بەرپا قىلىشى، كۆپ پەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشى بولغاچقا، بىز دۆلەتنىڭ 7 - نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بىرخىللاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ داۋالىدۇق. ئېغىر ئاغرىقلارغا قارىتا بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللاندۇق. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت نۆلدىن 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سائەت 24 كىچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئېغىر تىپلىق 38 ئاغرىق ئادەتتىكى تىپلىققا ئۆزگەردى، خەتەرلىك ئېغىر تىپلىق ئىككى ئاغرىق ئادەتتىكى تىپلىققا ئۆزگەردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلى 384، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 105 بولۇپ، جەمئىي 489.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېك مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مەسىللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)